# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي

3

دۈشەنبە

维吾尔文 8月3日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25142 - سان بۈگۈن 4 بەت


## يۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيلى، كېڭەيتەيلى

### —— ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بۇ يىل كىرىشى بىلەن، بىز تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن كەسكىن سىناققا دۇچ كەلدۇق، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مىسلىسىز زەربە ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇقىم ياخشىلىنىش ھالىتى كۆرۈلدى. پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ ئىلمىي تەدبىر، تېخىمۇ پۇختا ئىستىل بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۆچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرماقتا. پۈتۈن ئاپتونوم رايون، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرى قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، ئۆزدا جەڭ قىلىپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشى، غەلىبە قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ «قاراۋۇل»لۇق ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىن تەكشۈرۈش، ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى ئىلمىي، دەل جايىدا ئېلىپ بېرىش كېرەك؛

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

چىلان، ئۈزۈم، ئۆرۈك مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى

## شىنجاڭ خۇش ھىدى تاراپ تۇرغان «چوڭ مېۋە پەتنۇسى»نى سۇندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چىلان، ئۈزۈم، ئۆرۈك ئۆستۈرۈش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە شىنجاڭنىڭ خاس ‹چوڭ مېۋە پەتنۇسى›نى سۇندى، باغ - ئورمانچىلىقمۇ قوشۇمچە كەسىپتىن تەرەققىي قىلىپ شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى باشلامچى كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى» دېدى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى باغ - ئورمانچىلىق كەسىپى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىن شىڭخۇي.

ئون نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ باغ - ئورمانچىلىقى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ ھويلىلىرىدا تارقاق ئۆستۈرۈشتىن باشلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 8 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) غايەت زور كەسىپكە ئايلاندى. نەچچە يۈز مىڭ ئائىلە باغ - ئورمانچىلىققا تايىنىپ نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بېيىش يولىغا ماڭدى.

«ئىلگىرى ئۆرۈكنى ئېغىزنى تاتلىق قىلىش ئۈچۈنلا يەيتتۇق، ئويلىمىغان يەردىن مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.» 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ لومپا يېزىسى توقاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رىبىمخان ئالاۋەدى مېۋىسىنى ئەمدىلا ئۈزۈۋېلىپ بولغان ئۆرۈكلۈكتە تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى، كىرىمىم 7000 يۈەنگە يەتتى».

2007 - يىلىلا، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ سەمەت ئۆرۈكى جۇڭگو دۆلەت جۇغراپىيەلىك بەلگە مەھسۇلاتىغا ئايلاندى، بۈگۈنكى كۈندە سىجىل مۇكەممەللىشىۋاتقان كەسىپلەشتۈرۈش سىستېمىسى سەمەت ئۆرۈكى ئارقىلىق شۇ جايدىكى نەچچە ئونمىڭ دېھقاننىڭ يانچۇقىنى تومپايتماقتا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش يەككە ئايلىق توك مىقدارى تۇنجى قېتىم 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 10 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 57.6% ئاشتى! 7 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش يەككە ئايلىق توك مىقدارى تۇنجى قېتىم 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشقان.

توننۇشتۇرۇلۇشىچە، 10 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت توك 3 مىليون 320 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆيدۈرگەنگە باراۋەر بولۇپ، ھەربىر پويىز ۋاگونىغا 60 توننا كۆمۈر قاچىلاش بويىچە ھېسابلىغاندا، 55 مىڭ ۋاگوندا ئاندىن توشۇپ بولغىلى بولىدىكەن.

7 - ئايدا شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارىنىڭ زور ھەجمىدە ئېشىشى ئاساسلىقى شەرقىي جۇڭغار - جەنۇبىي ئەنخۇي 1100± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئۇدا 11 كۈن كۈندىلىك يۈك قاچىلانغان ۋاگون سانى 10 مىڭدىن ئاشتى

### تارىخىي رېكورتنى سىجىل يېڭىلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا كۈندىلىك يۈك قاچىلانغان ۋاگون سانى ئۇدا 11 كۈن 10 مىڭدىن يۇقىرى بولۇشنى ساقلاپ، كۈندىلىك ۋاگونغا يۈك قاچىلاش تارىخىي رېكورتىنى سىجىل يېڭىلىغان.

«8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 10 مىڭ 500 ۋاگونغا يۈك قاچىلاپ، تارىخىي يېڭى سەۋىيە ياراتتۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى توشۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى. ئەگەر شۇ كۈنى يۈك توشۇغان 10 مىڭ 500 ۋاگون بىر - بىرىگە چېتىلسا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 130 كىلومېتىرغا يېتىشى مۇمكىن.

تۆمۈريولدا كۈندىلىك يۈك قاچىلىنىدىغان ۋاگون سانى ھەر كۈنى يۈك قاچىلىنىدىغان ۋاگون سانىنى كۆرسىتىدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

### يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئۇدا ئۈچ كۈن تۆۋەنلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا**نىڭ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە بۇ نۆۋەت يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئۇدا ئۈچ كۈن تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى مەزگىللىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

## ئامبار ئاشلىققا تولدى تاماق قاچىسى مۇقىم بولدى

### —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە (1)



7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، چوڭ تىپتىكى كومباين گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ۋۇماچاڭ يېزىسى ئاغاشقۇلاق كەنتىدە بۇغداي ئورۇماقتا.

□ ۋۇ بوخۇڭ فوتوسى

[ تەھرىر ئىزاھاتى ]

«خۇڭفەن»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سەككىز سىياسەتتە، ئاشلىق بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قىلىپ، «ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىنلەشكە، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت يېڭى ئاشلىق بىخەتەرلىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئەڭ قاتتىق بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشى بىلەن، شىنجاڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشتىن - ئاخىر ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش يولىنى تېپىپ چىقتى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ پارچە يۈرۈشلۈك مۇلاھىزە ئېلان قىلىمىز، دىققەت قىلغايسىزلەر.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى**

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى گۈلدۈرلەۋاتاتتى، يازنىڭ ئۈچ ئىشى ئالدىراشلىققا تولغانىدى. ئالتۇن رەڭلىك ئېتىزلىقتا بۇغداي دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان خۇش ھىد چېچىپ تۇراتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان تېرە، مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى، ساددا كۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى مول ھوسۇلنىڭ ئەڭ گۈزەل تەسۋىرى ئىدى.

يەنە بىر مول ھوسۇللۇق يىل، يەنە بىر گۈزەل مەنزىرە. بۇ يىل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە قىسمەن رايونلار دۇچ كەلگەن قۇرغاقچىلىق قاتارلىق پايدىسىز تەسىرلەرنى يېڭىپ، شىنجاڭ يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە مول ھوسۇل ئالدى.

شىنجاڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلاردىن يىراق، قاتناش توشۇش ئارىلىقى ئۇزۇن، ئاشلىق بىخەتەرلىكىدە جەزمەن ئۆزىنى ئۆزى قامدىشى كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش»تىن ئىبارەت ئاشلىق خىزمىتى فاڭجېنى چۆرىدىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، بۇغداي، قوناق ئاساس قىلىنغان، شال، پۇرچاق، ياڭيۇ تۈردىكىلەر، قارا ئاشلىق كۆپ مەنبەلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سېلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


ئۇقتۇرۇش يېتەكچىسى

ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېپىپ قوغلىشىش - داۋالاش ھەقسىز بولۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى 3 - بەتتە

ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئىنچىكىلەشتۈرۈلدى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرى نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ 4 - بەتتە

ئۆيدە تۇرۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇتەخەسسىس پسىخىكىنى تەڭشەشنىڭ ئالتە قەدەملىك «ياخشى رېتسېپ»نى بېرىپ بەردى 3 - بەتتە